# مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، نامازنى تولۇق ئادا قىلىش، زاكاتنى بېرىش، ھەقنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ھەر بىر مۇسۇلمانغا سەمىمى بولۇشتىن ئىبارەت ئىشلارغا بەيئەت قىلدىم

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، نامازنى تولۇق ئادا قىلىش، زاكاتنى بېرىش، ھەقنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ھەر بىر مۇسۇلمانغا سەمىمى بولۇشتىن ئىبارەت ئىشلارغا بەيئەت قىلدىم.
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

ساھابىلاردىن جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: تەۋھىدتە چىڭ تۇرۇش، بىر كېچە-كۈندۈزدە ئادا قىلىش پەرز بولغان بەش ۋاقىت نامازنى پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇستەھەپلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىش، مالىيە ئىبادەتتىن ئىبارەت بولغان بايلاردىن ئېلىپ ھەقلىق بولغان كەمبەغەللەرگە ۋە باشقا تۈردىكىلەرگە بېرىلىدىغان ئىقتىسادنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، مۇسۇلمان رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىش، بارلىق مۇسۇلمانلارغا سەمىيمى بولۇش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ھېرىسمەن بولۇش، ئاغزاكى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلارغا يېتىدىغان يامانلىقنى توسۇش قاتارلىقلار ئۈچۈن بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3512